## 21737 ـ توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

**سۇئال**

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى باشقا ھەرقانداق ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىغا ئوخشايدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى توي قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ۋە توي قىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ، پەقەت ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ئارىسىدا توقۇنۇش بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېرىنىڭ بۇيرۇقى ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇپ قالسا، ئېرىنىڭ بۇيرۇقى ئىلگىرى قىلىنىدۇ، لېكىن مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايال ئاتا-ئانىسى بىلەن ئەرلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ئارىسىدىكى زىتلىقنى يوق قىلىشقا تىرىشىشى، ئۇلار بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك.

توي قىلغان ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئالاقىدە رائىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن: ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى، ماددى قىممىتى يۇقىرى بولمىسىمۇ ئۇلارغا مۇناسىپ سوغىلارنى تەقدىم قىلىشى، ئۇلارنى زىيارەت قىلغاندا باللىرىنى قويۇۋېتىپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە ئەر-ئايال ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزماسلىقى زۆرۈر بولىدۇ. شەيخ مۇھەممەد دۇۋەيش.

ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ خىراجىتىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا نەپىقە قىلىشى كېرەك بولىدۇ، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىقتىسادى بولمىسا، ئاتا-ئانىسىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ياردىمى يېتىدىغان ئېرىدىن شەپقەت تەلەپ قىلىشى، ئېرىنىڭمۇ بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ خالىسا ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشى كېرەك. چۈنكى بۇمۇ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.